# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
28
شەنبە
维吾尔文 3 月28日

新疆日报 ꡱꡞꡋ ꡐꡱꡗꡃ ꡔꡞ ꡎꡃꡡ شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25014 - سان  بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تەكلىپ بويىچە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئوچۇق، ئاشكارا، مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار دۆلەتلەرگە يۇقۇم ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

## دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى «2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات» ۋە «مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش› ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات» قاراپ چىقىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، «2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات» ۋە «مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش› ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتى، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئالاقىدار پىكىرلەرنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى، بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن. ھازىر، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە يېڭى مۇھىم، زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، چېگرا سىرتىدىكى يۇقۇم تېخىمۇ تېز تارقىلىپ يامراش ھالىتى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، دۇنيا ئىقتىساد - سودىسىنىڭ ئىشى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىش بېسىمى سىجىل ئېشىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، بولۇپمۇ كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يېڭى خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. نۇقتىلىق رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئېغىر ئاغرىقلارنى دەل جايىدا داۋالاشنى كۈچەيتىپ، ئەڭ زور چەكتە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارغا قارىتا تېببىي كۆزىتىش، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ئالاقىدار ئۆلكىلەر بىلەن ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز جايىدىكى خادىملارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي، كەسكىن ياخشى قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن چۈەنگو شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» ۋە «2019 - يىللىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتى ئەھۋالى ھەم 2020 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرىسىدىكى دوكلات»قا قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، تەستىق سېلىپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى بېيىتتى، كېڭەيتتى، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا بولغان چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك پىكرى، يۈكسەك يىراقنى كۆرەرلىك ئىستراتېگىيەلىك پىلانى ۋە كەڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىنى تولۇق نامايان قىلدى. شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىدىيە جەۋھىرى، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا قوللىنىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# پۇرسەتنى تۇتۇپ، ۋاقىت قوغلىشىپ، سۈرئەت قوغلىشىپ بۇ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملاشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپې** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر جۇڭگو تۆمۈر يولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا بېرىپ، نەق مەيداندا كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 82 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## مۇشۇ ئاينىڭ 30 - كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 82 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### لى پېڭشىن تۇرپان ئايرودرومىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# يۇقىرى يەللىدىن پىلانلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئالغا سىلجىتىپ، تۇرپان ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن تۇرپان يارغول ئايرودرومىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش




### ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئىشچىلار ئالدىراش

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) گۇاڭجوۋ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىدا ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلىمەكتە. نۆۋەتتە، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىنىڭ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 30غا يېقىنلاشتى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاپتوموبىلنى 5000غا يەتكۈزۈش پىلانلاندى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل 390 نۇقتىلىق تۈرنى ئورۇنلاشتۇردى

## جەمئىي 1 تىرىليون 678 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تور بېكىتىدە 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان. بۇ يىل جەمئىي 390 نۇقتىلىق تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىي 1 تىرىليون 678 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، بۇلار سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، كەسىپلەر، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق تۈرلەرگە چېتىلىدىكەن.

نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 190 بولۇپ، جەمئىي 792 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق تۈرلىرى ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قاتناش تۈرلىرى G30 شياۋشاۋخۇ - ئۈرۈمچى تاشيول تۈرى، G7 لىنىيەسى ۋۇتۇڭ داچۈەن - باي يېزىسى - ئاراتۇرۇك تاشيول تۈرى، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريول تۈرى ۋە ئۈرۈمچى ئايروپورتى، قەشقەر ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئېنېرگىيە تۈرلىرىدىن شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ۋۇسەيۈەن بېيسەن ئېلېكتر ئىستانسىسى (خۇانىڭ) تۈرى، يەكەن دەرياسى زاڭگۈي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش تۈرى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# بۇ يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلار ئېلان قىلىندى

## يەتتە ساھەدىكى، 32 تەرەپتىكى، 107 تۈرلۈك كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپىڭ** 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى (ئىسلاھات ئىشخانىسى)دىن ئىگىلىنىشىچە: «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى» دېيىلدى) ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئىقتىساد - ئېكولوگىيە، تەشۋىقات - مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە، بىڭتۈەن قاتارلىق يەتتە نۇقتىلىق ساھەنىڭ 32 تەرەپتىكى، 107 تۈرلۈك كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ئالغا سىلجىتقان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن ئاساسىي قاتلامدا ئىزدىنىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىش، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىساد ۋە ئېكولوگىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بۇ يىل ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)